# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قانچە ھالقىلىق پەيتكە كەلگەنسېرى جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى شۇنچە چىڭىتىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىش ئىرادىسىگە شۇنچە كېلىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش دۈچ كەلگەن ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

نۆۋەتتە قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەر تاماملىنىشقا ئاز قالدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈرئىتى كۆزلىمىگە ئۇيغۇن. لېكىن ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقىچە، دۈچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار يەنىلا مۇشكۇل. مەملىكەت بويىچە يەنە 52 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىدى، 2707 نامرات كەنت نامراتلىق تىزىملىكىدىن چىقىرىلمىدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس تېخى تولۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولالمىدى، گەرچە ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئومۇمىي مىقدارى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى، مانا بۇ يېڭىش تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن يېڭى خىرىس بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملىشىمىزنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. پەقەت يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىھكامنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملىغاندىلا، پارتىيە ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرغىلى، پارتىيەمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشتا، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، بېكىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىللىق خىزمەتلىرى توغرىسىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى»دە ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى كېرەك. داۋاملىق دىققەتنى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» قاتارلىق ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. قېپقالغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان 52 نامرات ناھىيە ۋە 1113 نامرات كەنتكە قارىتا ۋۇۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - رىۋاج تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەققىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىش»ى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ» قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشى كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ئالاھىدە نامرات نوپۇسنى ئىجتىمائىي كاپالەتتىن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشتا، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن چېكىنگەن ناھىيە، نامراتلىقتىن چېكىنگەن كەنت، نامراتلىقتىن چېكىنگەن نوپۇسقا قارىتا، ئاتقا يۆلەپ چىقىرىپ، بىر بۆلەك يەرگىچە ئاپىرىپ قويۇش، ئۆتكۈنچى مەزگىل ئىچىدە قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى قاتتىق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قاتتىق باھالاپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، چېكىنىپ چىقىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، سان - سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە - ئۈنۈمىنىڭ تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى سىلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرتۇتاش پىلانلاپ كىرگۈزۈپ، ئۇزۇن - قىسقا بىرلەشتۈرۈلگەن، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزم ئورنىتىپ، ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ۋە يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسنىڭ تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يولغا قويۇپ، ئورتاق بېيىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى تاشلاش، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى ھەل قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى. بۇ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق كېمەيتىشكە بولمايدۇ، پارتىيەمىزنىڭ خەلققە بەرگەن ۋەدىسىنى جەزمەن قەرەلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، ھېچقانداق چېكىنىش يولى ۋە ئېلاستىكلىق يوق. ھازىر، ئاتاكىغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىندى، بىز ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ بوشاشماي، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان غەيرەت بىلەن ئۆتكەلگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

## مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# دېڭ گوجۈڭ:

# مىلتىق، قەلەم تۇتۇشقا ماھىر جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى ئىنقىلابىي قۇربان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لى يانەن)** قىش كۈنلىرىدىكى شىمالىي شەنشىدە ئاچچىق سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى، شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۈلىن ساقچىلار تارىخىي سارىيىغا كىرگەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 20دىن كۆپ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھاياتى ئاستا - ئاستا نامايان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن چىڭجىيەن ناھىيەسى لىجياتا بازىرى دېڭجياچاۋ كەنتىدە تۇغۇلغان، سۈرەتتىكى كىشى قارىماققا مۇلايىم، ئەدەپ - قائىدىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ سىفەن مەكتىپىدىكى قولىغا قەلەم ئالغان بىر ئوقۇغۇچىدىن ئىنقىلابىي خىزمەتتە جەڭ مەيدانىدا مۈرىسىگە مىلتىق ئاسقان جەڭچىگە ئايلانغان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ «ئاددىي كىشىنىڭ كەچمىشلىرى» دېگەن ئەسلىمىنى يېزىپ، پارتىيە تارىخى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ۋە يەرلىك تەزكىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال قالدۇرغان، ئۇ دەل ئىنقىلابىي قۇربان دېڭ گوجۈڭ.



دېڭ گوجۈڭنىڭ سۈرىتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

دېڭ گوجۈڭ، 1917 - يىلى شىمالىي شەنشىنىڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 11 يېشىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەم ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1930 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىدىكى 4 - (سۇيدې) سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان. چىڭجىيەن ناھىيەلىك قوغداش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئامانلىق ساقلاش شۆبە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان، كېيىن غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمىنىڭ باشقارما باشلىقى، شەنشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، شيەنياڭ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

1935 - يىلى 12 - ئايدا، 18 ياشقا توشقان دېڭ گوجۈڭ ئارزۇسىغا يېتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان. يېڭى رايون خىزمىتىنى ئېچىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر تۈركۈم كادىرلارنى تاللاپ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيەلەشنى قارار قىلغان، دېڭ گوجۈڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ مەزگىلدە، ئۇ مەركەزنىڭ ۋاياۋباۋدا ئاچقان پارتىيەنىڭ پائالىيەتچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقان. كېيىن ئۇ قىزىل بىرىنچى يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە قىزىل 15 - ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ قىزىل ئارمىيەنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا قاتناشقان، قىسمەنغا ئەگىشىپ نىڭشيانىڭ يۈۋاڭ ناھىيەسىگە يۆتكىلىپ بېرىپ خىزمەت قىلغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، دېڭ گوجۈڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىغا قايتىپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە ئاتلىنىشنى قارار قىلغان. 1937 - يىلى شىئەن ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، دېڭ گوجۈڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتقان، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ياش كادىرلارنى تەربىيەلىگەن. شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى شۆبە رايونى(دىڭبيەن) شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، سۇييۈەن تۆت ئۆلكىنىڭ تۇتاشقان جايىغا جايلاشقان بولۇپ، كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر مۇرەككەپ ئىدى، دېڭ گوجۈڭ كادىرلاردىن ئاممىغا بولغان تەشۋىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق خەلق قەلبىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. 1941 - يىلى دىڭبيەن شەھىرىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، دېڭ گوجۈڭ ئىدارە باشلىقى بولغان، ئالتە چوڭ باشقۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىغان. 1946 - يىلى، دېڭ گوجۈڭ يەنچى ناھىيەسىدىن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى شۆبە رايونىغا يۆتكىلىپ بېرىپ ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان، ئۈچ يىلغا سوزۇلغان شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان، 1949 - يىلى 6 - ئايدا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى قايتۇرۇۋېلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېڭ گوجۈڭ نىڭشيانىڭ ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل بولغان، كېيىن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىشقا يۆتكەلگەن. 1953 - يىلى شەنشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە يۆتكىلىپ دائىمىي كومىتېت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم رازۋېدكا قىلىش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرغان، بۇ مەزگىلدە، 300دىن ئارتۇق ئەكسىلئىنقىلابچىنى قوماندانلىق قىلىپ تۇتقان. 1957 - يىلدىن باشلاپ خۇشيەن ناھىيەسى، تۇڭچۈەن، شيەنياڭ قاتارلىق كۆپ جايلارنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن ياكى ئۈستىگە ئالغان.

1964 - يىلى، دېڭ گوجۈڭ شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى رېفورمىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1972 - يىلى يەنە قايتىدىن خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن گۇرۇپپىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1978 - يىلدىن كېيىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1983 - يىلى شەنشى ئۆلكىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

1990 - يىلى، 73 ياشقا كىرگەن دېڭ گوجۈڭ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغان، 2000 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان. پەرزەنتلىرى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «دادام ئارام ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، يەنىلا كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باراتتى.» دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئاندىن تەۋەررۈك بۇيۇملار ئىچىدىن دادىسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىمىسىنىڭ قول يازمىسىنى بايقىغان. 2002 - يىلى «ئاددىي كىشىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچمىشلىرى»نى رەتلەپ «ئاددىي كىشىنىڭ كەچمىشلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە، دېڭ گوجۈڭنىڭ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى، سىياسىي - قانۇن سېپىدىكى خىزمەت كەچۈرمىشلىرى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، پارتىيە تارىخى، يەرلىك تەزكىرە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، يۈلىن ساقچىلار تارىخىي سارىيى شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنىڭ يېڭى مەنىۋى بەلگىسىگە ئايلاندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى دائىم ئاساسىي قاتلامدىكى ساقچىلارنى بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدۇ، ئۇلار دېڭ گوجۈڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ئالدىدا، ساقچى بولۇش قەسىمىنى قايتا تەكرارلاپ، ساقچىلار تارىخىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ساقچىلار روھىنى تاۋلايدۇ، شۇ يەردىكى پۇقرالارنى قوغدايدۇ.

# لۇ جىنتاڭ: جان پىدالىق بىلەن پارتلاتقۇچ بوغچىسىغا ئۆزىنى ئېتىش



لۇ جىنتاڭنىڭ سۈرىتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ماۋ شىن، لى شيۇڭيېڭ)** خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن قولىدا پارتلاتقۇچ بوغچىسى تۇتۇپ تۇرغان قارا نىيەتكە ئېتىلىپ، ياش ھاياتىنى قۇربان قىلدى. ئۇ دەل ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جىنتاڭ.

لۇ جىنتاڭ 1961 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنخۈي شەھىرى تاڭشيا بازىرىدىن، ھايات چېغىدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شىنخۈي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تاڭشيا ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان، بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۇدا ئىككى كۈن نۆۋەتچىلىك قىلغان يولداش لۇ جىنتاڭ ئەسلىدە باشلىقىغا تولۇقلاپ بىر كۈن دەم ئېلىش توغرىسىدا دوكلات سۇنماقچى بولغان، بىراق، ئەتىگەن سائەت 7دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ساقچىخانىدا مۇنداق بىر مۇھىم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان: ئون مىنۇت ئىلگىرى، باشقا ئۆلكىدىن كەلگەن بىر ياش يىگىت تاڭشيا لياڭدۇڭ كەنتىگە كېلىپ پارتلاتقۇچ دورىنى پارتلاتقان، بىر كەنت ئاھالىسى پارتلاشتا يارىلانغان، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرى يولغا چىقىپ بولغانىدى. يولداش لۇ جىنتاڭ ئارتۇق گەپ قىلماي، دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلانغان.

نەق مەيداندا، ئۇ بېلىگە پارتلاتقۇچ دورا تېڭىۋالغان قارا نىيەتنىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، قارا نىيەت ئوڭ قولىدا لىققىدە پارتلاتقۇچ دورا قاچىلانغان پىۋا بوتۇلكىسىنى تۇتقاچ پۇلاڭلىتىپ، پارتلاتقۇچ دورىنى ئاممىغا قارىتىپ ئاتىمەن دەپ جار سېلىۋاتقانىدى. شۇ چاغدا، قارا نىيەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيدىن يىغا ئاۋازى، ياردەم تەلەپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەتراپتا يەنە 50تىن كۆپرەك ئامما بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. يولداش لۇ جىنتاڭ دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، سەپدىشى بىلەن بىللە ئەتراپتىكى ئاممىنى تارقاقلاشتۇردى. قەبىھ قارا نىيەت فورما كىيگەن خەلق ساقچىلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. يولداش لۇ جىنتاڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەق مەيداندىكى رەھبەرگە جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ساقچى فورمىسى كىيمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتلاتقۇچ دورىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلىمەن، مەن باراي!» شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ما رۇڭجاۋ قاتارلىق يولداشلار بىلەن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن قارا نىيەتكە يېقىنلىشىپ، بىر تەرەپتىن قارا نىيەتنىڭ پارتلاتقۇچ دورىنى قالايمىقان تاشلىشىدىن ئېھتىيات قىلسا، بىر تەرەپتىن ئامالنىڭ بارىچە قارا نىيەتنى قورالنى تاشلاشقا قايىل قىلماقچى بولغان.

قايتا - قايتا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، قارا نىيەتنىڭ كەيپىياتى بىر ئاز پەسەيگەن. بىر سائەت پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن كېيىن، قارا نىيەت ئاخىر يولداش لۇ جىنتاڭنىڭ ئۆزىنى كەنتتىن سىرتقا ئېلىپ چىقىشىغا قوشۇلغان. يولداش لۇ جىنتاڭنىڭ باشلىشى بىلەن، قارا نىيەت ئاستا - ئاستا كەنت ئېغىزىدىكى كەڭ دالىغا قاراپ ماڭغان. لېكىن داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، 100 مېتىرغا يەتمىگەن يەردە يەنە نۇرغۇن تۇرالغۇ بار بولۇپ، ئەھۋال يەنىلا ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، قارا نىيەت يېنىدىكى پارتلاتقۇچنى يەنە بىر قېتىم چىقىرىپ، كەنتكە تېز سۈرئەتتە ئېتىلىپ، كىشىلەر توپى ئارىسىدا پارتلاتقۇچنى پارتلاتماقچى بولغان. قىل ئۈستىدە تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، لۇ جىنتاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا قارىماي، قارا نىيەتكە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، يەرگە بېسىۋالغان، ما رۇڭجاۋ ھەم باشقا خەلق ساقچىلىرى دەرھال ئېتىلىپ بارغان. قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلانغان، ۋەھشىي قارا نىيەت پارتلاتقۇچنى پارتلاتقان، لۇ جىنتاڭ بەدىنى بىلەن ئەتراپتىكى 50 نەچچە ئاممىنى ساقلاپ قالغان، ئون نەچچە سەپدىشىنى ساقلاپ قالغان، ئۆزى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

قۇربان بولغاندىن كېيىن، لۇ جىنتاڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىندى. گۇاڭدۇڭ جياڭمېن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، لۇ جىنتاڭ ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قارا نىيەتكە باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ، بەدىنى بىلەن بومبىنى توسۇپ، ھاياتى ئارقىلىق خەلقنى قوغداپ قالدى. ئۇ سادىقلىق ئىسسىق قېنىنى خۇاچياۋلار يۇرتىغا تۆكۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قەھرىمانلار كۈيىنى ياڭراتتى، ئۇ تىنچلىق يىللىرىدىكى خەلق قوغدىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، قەيسەر، مۇلايىم، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان قەھرىمان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)